# مېھىر - شەپقەت ئۇرۇقىنى چېچىش چىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش

## —— قاغىلىق ناھىيەلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ ئوتتۇرا قايچا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ يۈك توغرىسىدا




□مۇخبىرىمىز مېھرىگۇل غوپۇر

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ غوجا ئېرىق يېزىسى ئوتتۇرا قايچا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇسۇتۇرا ئاۋۇت ئىشىكى ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا نەزەر سېلىپ، ئۆزگە تونۇشلۇق سىيمانىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، قاغىلىق ناھىيەلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ ئوتتۇرا قايچا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ يۈكنىڭ چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«سىزنى بىر كۈن كۆرمىسەم، خۇددى بىر نەرسەم كەمدەك ھېس قىلىدىكەنمەن، تېز كىرىپ بىر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچىۋېلىڭ» دېدى 80 ياشلىق نۇسۇتۇرا ۋاڭ يۈكنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ. نۇسۇتۇرا تۇنجى قېتىم ۋاڭ يۈكنى كۆرگەندە بۇنچە قىزغىن ئەمەس ئىدى.

2017 - يىلى كەنتتە تۇرۇش باشلانغاندا، نۇسۇتۇرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 28 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ۋاڭ يۈكنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش ئوبيېكتى بولدى.

دەسلەپتە، ۋاڭ يۈك ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ نۇسۇتۇرانىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بوۋاي بىر چەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى. «تۇنجى قېتىم زىيارەتكە بارغاندا، نۇسۇتۇرانى گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايدىغاندەك ھېس قىلغانىدىم، كېيىن مەن يەنە بىرقانچە قېتىم بېرىپ، ئۇنىڭ يەنىلا ئانچە گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بايقىدىم.» ۋاڭ يۈكنىڭ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى بار ئىدى.

ۋاڭ يۈك كەنت ئاھالىلىرى بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، نۇسۇتۇرانىڭ ياش ۋاقتىدا سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئۇزاق مەزگىل كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى، كىشىلەر بىلەن ئانچە ئالاقە قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مىجەزىنىڭمۇ بارغانسېرى كاجلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، گەرچە سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا ئۆيىگە «بېكىنىۋېلىپ» سىرتقا چىقىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، باشقىلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى، ئاندا - ساندا سىرتلارغا چىققاندىمۇ باشقىلارغا چىراي ئاچمايدىغانلىقىنى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى.

«پەقەت چىن يۈرەكتىن مۇئامىلە قىلسىلا، مۇز تاغمۇ ئېرىيدۇ.» ۋاڭ يۈك تەشەببۇسكارلىق بىلەن نۇسۇتۇراغا «يېقىنچىلىق» قىلىپ، بەزىدە ئۇنىڭ ھويلا - ئارانلىرىنى تازىلاپ بەرسە، بەزىدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، تاماقنى ئېتىشىپ بەردى. «ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار ياشىنىپ قاپسىلەر، يالغۇز قىزىڭلارمۇ ياتلىق بوپتۇ، يېنىڭلاردا ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالىدىغان بالاڭلار يوق ئىكەن، مېنى ئوغلىڭىز دەپ بىلىڭ، مەن چوقۇم ھالىڭلاردىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن» دەيتتى ۋاڭ يۈك ھەمىشە سەۋرچانلىق بىلەن.

ۋاڭ يۈك نۇسۇتۇرانىڭ دائىم ھويلا تېمىغا قاراپ خىيال سۈرىدىغانلىقىنى بايقىدى، ئەسلىدە ھويلا تېمى كونىراپ كەتكەنىدى. بوۋاينىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ۋاڭ يۈك كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت» بەنزىسى ئەزالىرىنى باشلاپ، بىرلىكتە قول سېلىپ ئىشلەپ، ھويلا تېمىنى ئوڭشاپ بەردى.

ئەينى چاغ دەل تومۇز ئىسسىق مەزگىلى ئىدى، ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇسۇتۇرا لۆڭگە بىلەن ۋاڭ يۈكنىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ مۇنداق دېدى: «بالام، ياخشى بالام، سەن مەن ئويلىغاننى ئويلاپ، ماڭا تۇغقىنىڭدەك مۇئامىلە قىلدىڭ، سەنمۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىم.» شۇ پەيتتە، نۇسۇتۇرانىڭ يۈرىكى ئېرىپلا كەتكەنىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، نۇسۇتۇرا ھەر كۈنى ئۆيلىرىنى پاكىز تازىلايدىغان بولدى، مىجەزىمۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇپ كەتتى، كەنت ئاھالىلىرىنى كۆرگەندە ھەمىشە قىزغىن سالاملىشىدىغان بولدى، باشقا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدە قىيىنچىلىق بولسا، ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىدىغان بولدى، كەنتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن مىكروفوننى ئېلىپ نەچچە ئېغىز سۆزمۇ قىلىدىغان بولدى.

كەنت ئاھالىسى تۇنسا تۇردى ۋاڭ يۈكنىڭ يەنە بىر ياردەم بېرىش - يۆلەش ئوبيېكتى. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىر تۇنسانى كۆرگەندە، ئۇ ئىككى قولتۇق ھاسىسىغا تايىنىپ ھويلىسىدىكى كۆكتاتلىقتا پەمدۇر ئۈزۈۋاتاتتى.

70ياشلىق تۇنسا ئىگە - چاقىسىز موماي بولۇپ، يۇقىرى قان بېسىمى سەۋەبىدىن ئۇزاق مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، تۇرمۇشتا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمايتتى. ۋاڭ يۈك ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۇنسانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. تۇنسانىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن، ۋاڭ يۈك قاغىلىق ناھىيەلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاتتى، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قان بېسىمىنى ئۆلچىدى، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش دورىسىنى ۋاقتىدا ئىچىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئۇزاق مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، تۇنسانىڭ ئۇڭ پۇتىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە كۆرپە يارىسى بار ئىدى، ۋاڭ يۈك ھەر كۈنى ئۇنىڭ پۇتىنى پاكىز يۇيۇپ، دورا سۈرتۈپ قويدى. ۋاڭ يۈك يەنە كەنت كادىرلىرى بىلەن ئۈچ كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۇنسانىڭ ئۆيىنىڭ ئىچى - سىرتىنى بىر قېتىم تازىلاپ، يېڭى يوتقان - كۆرپە، كىرلىك ئالماشتۇردى، يەنە ھويلىغا گۈل، كۆكتاتلارنى تېرىدى، ئىلگىرىكى قالايمىقان ھويلا يېڭى تۈسكە كىردى.

ۋاڭ يۈكنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى بىلەن، تۇنسانىڭ كېسەللىك ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، دائىم غەمكىن يۈرىدىغان موماي ئوچۇق - يورۇق بولۇپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، تۇنسانىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ياخشىلاندى. «ۋاڭ يۈك ماڭا ئىللىقلىق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى، پارتىيە ئەۋەتكەن ياخشى كادىرغا رەھمەت» دېدى تۇنسا مىننەتدارلىق بىلەن.

كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ۋاڭ يۈك ئاما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئاما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاممىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى، ھال - ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكتى، ئاممىنىڭ سىرداشى بولۇپ، ھەربىر ياخشى ئىش ۋە ئەمەلىي ئىش ئارقىلىق ھەربىر كەنت ئاھالىسىگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى.

«مېھىر - شەپقەت ئۇرۇقىنى چاچقاندىلا، چىن مۇھەببەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يۇرتداشلارنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكى مېنى بەختكە چۆمدۈردى، تېخىمۇ مۇھىمى بۇ بىر خىل مەسئۇلىيەت، مەن ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېھرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىمەن» دېدى ۋاڭ يۈك.

# قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا پات ئارىدا قاتناش باشلىنىدۇ

## پويىز بېلىتى سېتىلىشقا باشلىدى

مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋنىڭ 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئېچىلغان قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلاش ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئۇققۇشىچە، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان قارامايدىن چۆچەككىچە بولغان تۆمۈريولدا 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاتناش باشلىنىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى پويىز قاتنىمىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋىلايەت، ئوبلاست مەركىزى شەھىرى —— چۆچەك شەھىرىگە پويىز قاتنىماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلىدىكەن.

قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى شىنجاڭ تۆمۈريول تورى كۈيتۇن - بېيتۈن تۆمۈريولىنىڭ بىر تارماق لىنىيە تۆمۈريولى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 271 كىلومېتىر، كۈيتۇن - بېيتۈن تۆمۈريولىدىكى ئاقبۇلاق بېكىتى بىلەن تۇتىشىدۇ، قاراماي شەھىرى، ئاقبۇلاق نېفىتلىكىنى بويلاپ شىمالغا سوزۇلۇپ، تولى ناھىيەسىنىڭ تۆمۈرتام بازىرى، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ چۆچەك شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. پىلانغا ئاساسەن، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى بويىدىكى بېكەتلەر ئىچىدە، تۆمۈرتام بېكىتى، دۆربىلجىن بېكىتى ۋە چۆچەك بېكىتى يولۇچىلار بېكىتى بولۇپ، چۆچەك بېكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يولۇچى توشۇش كەسپىنى يولغا قويىدۇ، تۆمۈرتام بېكىتى، دۆربىلجىن بېكىتىدە ھازىر قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ، قۇرۇلۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن قاتناش باشلىنىدۇ.

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ھەركۈنى ئۈچ جۈپ يولۇچىلار پويىزىنى قاتنىتىپ ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، ئۈچ جۈپ پويىزنىڭ بېلىتى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 10دىن باشلاپ سېتىلدى. پويىزنىڭ بېلەت باھاسى: ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە بولغان پۈتۈن مۇساپىدىكى قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ بېلىتى 93 يۈەن، قاتتىق كارىۋاتنىڭ ئۈستى، ئوتتۇرىسى، ئاستىنىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 163 يۈەن، 168 يۈەن، 174 يۈەن، يۇمشاق كارىۋاتنىڭ ئۈستى، ئاستىنىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 251 يۈەن، 263 يۈەن؛ چۆچەكتىن كۈيتۇنغىچە بولغان قاتتىق ئورۇندۇقنىڭ بېلەت باھاسى 64.5 يۈەن، قاتتىق كارىۋاتنىڭ ئۈستى، ئوتتۇرىسى، ئاستىنىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 115.5 يۈەن، 119.5 يۈەن، 122.5 يۈەن، يۇمشاق كارىۋاتنىڭ ئۈستى، ئاستىنىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 175.5 يۈەن، 182.5 يۈەن.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر، قوشۇمچە تۆمۈريول ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما لىن مۇنداق دېدى: چۆچەك شەھىرى ھازىر شىنجاڭدىكى بىردىنبىر پويىز قاتنىمىغان ۋىلايەت، ئوبلاست مەركىزى شەھىرى، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناشنىڭ باشلىنىشى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تاشيول، تۆمۈريول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى ئىستېرېئولۇق ئۈنىۋېرسال قاتناش تورىنى بەرپا قىلىدۇ، بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەرمىللەت ئاممىنى بەختىيار، ئازادە، تېجەشلىك تۆمۈريول سەپىرى شەكلى بىلەن تەمىنلەپ ۋە شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى يولۇچىلارنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ سەيلە قىلىش، ساياھەت قىلىش، سودا قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپلا قالماي، يەنە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مول قېزىلما بايلىقلىرىنى سىرتقا توشۇش، «سىرتقا چىقىرىش» ئۈچۈن «ئالتۇن لىنىيە» ئېچىپ بېرىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنىنى ئىككىلىك كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

## مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش بويىچە تۈزىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلماقتا

# ئۈرۈمچى شەھىرى «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشتە باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى

مۇخبىرىمىز فۇ شياڭلۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش قايتما ئىنكاس پىكرى بويىچە 35 تۈرلۈك تۈزىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ھەم «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» 3217 كارخانىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەش ئاساسىدا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى چىقىش قىلىپ، مۇھىت، ھاۋا سۈپىتىنى سىجىل ياخشىلاشنى يادرو قىلىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشتە باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)دىكى لياڭخې تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى دۇڭنەنگۇ كەنتىگە كەلگىنىدە، بۇ يەردىكى تۆت ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال زاۋۇتى «ئىككىنى ئۈزۈش، ئۈچنى ئېنىقلاش» بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى تاماملىغان بولۇپ، ئالاقىدار قالدۇق خىزمەتلەر ئىشلىنىۋاتقانىدى.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى (چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى) كارخانا مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى شۆ گوبىن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ رايون رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارغا قارىتا تۈزىتىش تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت رەھبەرلىكنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر كارخانىغا بىر سىياسەت تۈزۈپ، «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارغا قارىتا قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە ئۈنىۋېرسال تۈزەش ئېلىپ باردى. نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) تەۋەسىدە مېتاللورگىيە، يېمەكلىك، پىششىقلاش، ئوراش - قاچىلاش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» جەمئىي 184 كارخانا بار. بۇنىڭ ئىچىدە 177 كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش تاماملاندى، يەتتە كارخانا تۈزىتىلگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئىگىلىنىشىچە، مەركەزنىڭ مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش قايتما ئىنكاس پىكرى بويىچە تۈزىتىش تەلىپىگە ئاساسەن ئۈرۈمچى شەھىرى «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» جەمئىي 3217 كارخانىنى ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تۈزىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 2875 كارخانا تاقاش، توختىتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئارقىلىق تۈزەشنى تاماملىغان؛ 133 كارخانا ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تۈزەش ئارقىلىق رەسمىيەتنى تولۇقلاپ بېجىرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن؛ 209 كارخانا تەلەپ بويىچە 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن پۈتۈنلەي سانائەت باغچە رايونىغا كۆچۈپ كىرىدىكەن.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى(چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى نىڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئۈرۈمچى شەھىرى ھەرقايسى رايون (ناھىيە)، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنى ئۆز تەۋەلىك رايونى ۋە ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان ساھەلەردىكى «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارغا قارىتا ئۈنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئورنىتىشقا تەشكىللەپ، «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشنى كۈندىلىك خىزمەتلەر تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، «تارقاق، قالايمىقان، بۇلغىما چىقىرىدىغان» كارخانىلارنى دەل جايىدا ئېنىقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇش، تۈزەشنى دائىملاشتۇرۇش، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال بىر تەرەپ قىلىش، يېڭىدىن كۆپىيىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

# ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قايتا قوراللىنىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش

(بېشى 2 - بەتتە)

«سىلەر بۇ جايدا ئىشلەيدىكەنسىلەر، ئۆيۈڭلار يىراقمۇ؟» دەپ سورىدى باش شۇجى.

«يىراق ئەمەس، مۇشۇ ئەتراپتىلا. ئىلگىرى سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلاتتۇق، يۇرتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۇنچە ياخشى بولۇپ كېتىشىنى كۆرۈپ، بۇ ئىككى يىلدا سىرتقا چىقمىدۇق. قاراڭ، ھەم پۇل تاپالايمىز، ھەم تېخنىكا ئۆگىنەلەيمىز، يەنە ئائىلىمىزدىكىلەردىن خەۋەر ئالالايمىز. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىشىكىمىز ئالدىدا ئىشلەۋاتىمىز، زاۋۇت قۇرغاندىن پارىنىك سالغان ياخشى، دېيىشىدۇ» كەنت ئاھالىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

يۇرتداشلار بەس - بەستە مۇنداق دېيىشتى: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت، بىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى!»

شى جىنپىڭ يۇرتداشلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «كومپارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ بەختىنى كۆزلەيدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئويلايدىغىنى تۈرلۈك چارە - تەدبىر ئارقىلىق پۇقرالارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش. ئەھۋاللار بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭلار تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ!»

قانداق قىلىپ ئوتتۇرا قىسىم رايونلاردا شەھەر - بازارلاشتۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۆزئارا تۈرتكە بولۇش، تەڭ راۋاجلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش باش شۇجى ئويلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلە ئىدى.

تەنتۇۋ كەنتىدىكى سۇن گۇەنفانىڭ ئۆيىدە، كەنت ئاھالىلىرى باش شۇجىغا مۇشۇ يىللاردا كەنتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى: ئىلگىرى كېسەك ئۆيدە ئولتۇراتتۇق، سىرتتا قاتتىق يامغۇر ياغسا، ئۆيدە سىم - سىم يامغۇر ياغاتتى، ھاجەتخانىلارنىڭ سېسىق پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالاتتى، ھازىر داچىلارغا كۆچۈپ كىردۇق، ھەممە ئائىلىدە ھاجەتخانا بار، تۇرۇبا سۈيى راۋانلاشتى، كەنتتە قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ، «شەھەرلىكلەرمۇ بىزگە ھەۋەس قىلىدۇ تېخى».

«شۇنداق، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش بىلەن يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۆزئارا تۈرتكە بولىدۇ، تەڭ راۋاجلىنىدۇ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەندە، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «بىز يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرسەك، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنى ياخشى قۇرساق، يېزا - كەنتلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى، ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزسەك، يۇرتداشلارنى كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك سەھرا تۇرمۇشىغا ئېرىشتۈرەلەيمىز.»

نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، جياڭشىدىن ئوتتۇرا قىسىم رايونىغىچە، ئوتتۇرا قىسىم رايوندىن پۈتۈن مەملىكەتكىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىن دۇنياغىچە سۆزلەپ، ئوتتۇرا قىسىم رايوننىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش چوڭ شاھمات ۋەزىيىتىگە يەنە ئۇرۇق تىزدى:

—— ئەۋزەللىك توغرىسىدا توختالدى، ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: نوپۇس كۆلىمى ۋە بازار يوشۇرۇن كۈچى ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى.

—— خىرىس توغرىسىدا توختالدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا ۋە كەسىپ ئىنقىلابى، يەرشارىۋى ياسىمچىلىق رىقابەت ئەندىزىسىدىكى تەڭشىلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشى ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە دۇچ كېلىدىغان ئۈچ چوڭ خىرىس.

—— يۆنىلىش بېكىتتى، ئۇ مۇنداق تەلەپ قىلدى: يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى چىڭ كۆزلەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈپ يەنە يېڭى بالداققا چىقىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە يۆتكىلىشنى پائال قوبۇل قىلىش، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، سىياسەت - تەدبىرلەر ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق سەككىز جەھەتتىن، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا كونكرېت يېتەكچى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلۈپ بولدى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان پەيت كەلدى.

«ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش ۋەزىيىتى كۈچلۈك، ئوتتۇرا قىسىم رايونلار تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.» يىغىنغا قاتناشقان مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئالتە ئۆلكىدىكى مەسئۇل يولداشلارغا باش شۇجى شى جىنپىڭ سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم تەدبىر. بىز ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، قايتا قوراللىنىپ قايتا يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش يېڭى ۋەزىيىتىنى جاسارەت بىلەن يارىتىشىمىز كېرەك.»

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**